# بىر يەھۇدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى بىر بارماقتا، زېمىنلارنى بىر بارماقتا، دەرەخلەرنى بىر بارماقتا، سۇنى بىر بارماقتا، نەم تۇپراقنى بىر بارماقتا تۇتۇپ، پادىشاھ مەندۇرمەن، دەيدىغانلىقىنى بىلىمىز، دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ يان چىشلىرى كۆرۈنگىدەك كۈلدى، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقى قەدرىگە لايىق ئۇلۇغلاشمىدى، ھالبۇكى قىيامەت كۈنى زېمىن ئۇنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ»سۈرە زۇمەر 67-ئايەت ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئىباردە: تاغلار ۋە دەرەخلەرنى بىر بارماقتا تۇتۇپ ئاندىن ئۇلارنى سىلكىپ تۇرۇپ دەيدۇ: مەن پادىشاھدۇرمەن مەن ئاللاھ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئاسمانلارنى بىر بارماقتا، سۇ بىلەن نەم تۇپراقنى بىر بارماقتا باشقا مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر بارماقتا تۇتىدۇ، دېگەن

بىر يەھۇدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى بىر بارماقتا، زېمىنلارنى بىر بارماقتا، دەرەخلەرنى بىر بارماقتا، سۇنى بىر بارماقتا، نەم تۇپراقنى بىر بارماقتا تۇتۇپ، پادىشاھ مەندۇرمەن، دەيدىغانلىقىنى بىلىمىز، دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ يان چىشلىرى كۆرۈنگىدەك كۈلدى، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقى قەدرىگە لايىق ئۇلۇغلاشمىدى، ھالبۇكى قىيامەت كۈنى زېمىن ئۇنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ»سۈرە زۇمەر 67-ئايەت ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئىباردە: تاغلار ۋە دەرەخلەرنى بىر بارماقتا تۇتۇپ ئاندىن ئۇلارنى سىلكىپ تۇرۇپ دەيدۇ: مەن پادىشاھدۇرمەن مەن ئاللاھ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئاسمانلارنى بىر بارماقتا، سۇ بىلەن نەم تۇپراقنى بىر بارماقتا باشقا مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر بارماقتا تۇتىدۇ، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بىزگە بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: يەھۇدى ئالىملىرىدىن بىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەۋراتتا ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن ئاسمانلارنى بىر بارمىقىدا، زېمىنلارنى بىر بارمىقىدا دەرەخلەرنى بىر بارمىقىدا نەم تۇپراقنى بىر بارمىقىدا، يەنە بىر ئىباردە سۇنى بىر بارمىقىدا بارلىق مەخلۇقلارنى بارماقلىرىدىن بىر بارمىقىدا تۇتىدىغانلىقى توغۇرلۇق سۆز بارلىقىنى بايان قىلغان، سەھىھ كەلگەن رىۋايەتلاردە بەش بارماق دەپ كەلگەن، ئەمام

ئاللاھنىڭ بارماقلىرى ئىنسانلارنىڭ بارماقلىرىدەك بولماستىن بەلكى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ شانىغا-شەۋكىتىگە لايىقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇدرەت-كامالىنى نامايەن قىلىپ يۇقىرىدىكى بارلىق مەخلۇقلىرىنى قاتتىق سىلكىيدۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقى پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ۋە مۇتلەق سەلتەنەتى، بەرھەق ئىلاھ ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ، دېگەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەھۇدى ئالىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ يان چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك كۈلدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقى قەدرىگە لايىق ئۇلۇغلاشمىدى، ھالبۇكى قىيامەت كۈنى زېمىن ئۇنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ»سۈرە زۇمەر 67-ئايەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3386

ALNAJAT CHARITY النجاة الخيرية
لجنة الدعوة الإلكترونية EDC E-Da'wah Committee